# كەمتەرلىك بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش چىڭ كۆزلەپ مەسىلىنى تۈزىتىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق تۆت خىزمەت ئەترىتىدىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى پىلال يېزىسىنىڭ يېپىلغان كەنتىگە كېلىپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۇلىنى پۇختىلاش»نى باش تېما قىلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى.

«خىزمەت ئەترىتىنىڭ بىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىمىزغا ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت، يەنە ئىشىك ئالدىمىزغىچە كېلىپ قىيىنچىلىقىمىزنى ھەل قىلىپ بەردى» دېدى خىزمەت ئەترىتى ئەزالىرىنىڭ ئالدىراش سىيماسىنى كۆرگەن كەنت ئاھالىسى مۇھەممەت سەممەت خۇشال ھالدا.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى 12 يولغا بۆلۈنۈپ، «مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپلىق قىلىپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق قىلىش، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى قاتلاممۇقاتلام ئېغىرلىتىۋېتىش» «ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتا كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھ يېتەرلىك بولماسلىق، ئۆز پايدا ـ زىيىنىنىڭلا غېمىنى يېيىش، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالماسلىق، قىلىدىغانىنى قىلماسلىق» قاتارلىق 13 تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تېمىسىنى ئېلىپ، ئورگانلارغا كىرىپ، كارخانىلارغا كىرىپ، دېھقان ئائىلىلىرىگە كىرىپ، مەكتەپلەرگە كىرىپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈش، سىردىشىش ـ پاراڭلىشىش، ئىختىيارىي زىيارەت قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سەپىگە بېرىپ مەسىلىلەرنى ئىزدىدى، مەسىلىلەرنىڭ تۈگۈنىنى تەكشۈردى، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان ۋەزىپە ۋە نۆۋەتتە قىلىنىۋاتقان ئىشلارنى تاماملاش بىلەن بىرلەشتۈردى.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە كېڭەيتىش مۇلازىمىتىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنى چۆرىدەپ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، 1 ـ كەسىپنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ۋە نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش قاتارلىق جەھەتلەرگە كۈچ قوشتى، پارتكوم بەنزىسىدىكى ھەربىر ئەزا بىر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تېمىسىنى دەل جايىدا تاللاپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سەپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ مەسىلە ئىزدىدى، «رېتسېپ» ئۈستىدە ئىزدەندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى شىنجاڭنىڭ خەلق ئىشلىرى خىزمىتى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، شۇ ئورۇندا ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا تېگىشلىك ئالتە جەھەتتىكى مەزمۇنغا ئىنچىكە پارچىلاپ، مەركەزلىك سۆھبەتلىشىش، ئايرىم سۆھبەتلىشىش، نەق مەيداندا تەكشۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى خەلق رازى بولىدىغان مائارىپ بەرپا قىلىشنى چۆرىدەپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا مەخسۇس تەكشۈرۈش سوئال قەغىزى لايىھەلەپ، چوڭ سانلىق مەلۇمات ئانالىزىغا كىرگۈزدى، ئايرىم سۆزلىشىشنى ئىختىيارىي تاللاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئېلىپ بېرىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئەھۋالىنىڭ ئوبيېكتىپ، چىن بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

**■ مۇلازىمەتنى ئۆستۈرۈشنى كۆزلەپ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش**

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار ئاساسىي قاتلام كۈتكەن، ئامما ئارزۇ قىلغان قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى.

«بۈگۈن كۆپچىلىكنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلاپ، ھەرقايسى فۇنكسىيەلىك تارماقلىرىمىزنىڭ يەنە قايسى مۇلازىمەتلەرنى جايىدا قىلالمىغانلىقىنى، كۆپچىلىكنىڭ تەلىپىدىن يەنە قانچىلىك پەرقلىنىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن كەلدىم.» باش تېما تەربىيەسى داۋامىدا، شىنجاڭ تەمىنات ـ سودا سېلىنما (پاي كونترول) گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر جاۋ رۇڭ شىنجاڭ مېۋىچىلىكى داتاڭ يىپەك يولى ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىگە كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، بۇ گۇرۇھ ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت، تەشكىلىي باشقۇرۇش، خادىملارنىڭ تۇرمۇشى، كوللېكتىپ قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەرگە مۇلازىمەت قىلىشنى چۆرىدەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، بايقالغان مەسىلىلەرگە قارىتا، ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىرىنى دەرھال ھەل قىلدى، دەرھال ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىرىنى باسقۇچلۇق نىشان تۈزۈپ تۈزىتىشنى چىڭ كۆزلىدى ھەم مەسئۇل تارماق ۋە ئورۇنلارنى بېكىتىپ ۋاقتىدا ئىز قوغلىدى. «بۇ بىز بىرىنچى سەپتىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئەڭ زور مەدەت بولدى» دېدى شىنجاڭ مېۋىچىلىكى داتاڭ يىپەك يولى ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىجرائىيە مۇدىرى ياڭ يۇڭشياڭ.

ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ روشەن، ئەڭ كۈچلۈك خەلق تۇرمۇشى تېمىسى قىلىشتا چىڭ تۇردى. ئۇدا بىر قانچە كۈندىن بۇيان، نازارەت رەھبەرلىرى ئاپتونوم رايوندىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيەنىڭ يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشى نەق مەيدانى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ئىش ئورنى، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىگە بېرىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، سۇچىلىق ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، سۇ ئامبارلىرىدىكى بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپىنى تۈزەش، سۇ رايونىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش قاتارلىقلارغا تۈرتكە بولۇش جەھەتلەردە ساقلانغان مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، بىر تۈركۈم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، بىر تۈركۈم مەسىلىلەرنى رەتلەپ ئېلىپ كېلىپ، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

**■ ھازىر ئۆزگەرتىشنى كۆزلەپ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش**

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ئاڭلىغان پىكىر، كۆرگەن ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ئىلگىرى كۆپ خىل يول ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق يىغىپ رەتلەپ چىقىلغان كونكرېت مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار بىلگەن ھامان تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ بايقالغان مەسىلىلەر بىلەن ئۆگىنىپ قايتا ئويلانغان مەسىلىلەر، تەكشۈرۈلگەن، كۆزدىتىلگەن، ئانالىز قىلىنغان مەسىلىلەر، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بىر پۈتۈن گەۋدە بويىچە تۈرتكە بولدى.

يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق يول مەمۇرىيىتى ـ دېڭىز ئىشلىرى ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئېغىر، ئالاھىدە چوڭ جابدۇق ياسىمىچىلىق كارخانىلىرى ۋە ئېغىر، ئالاھىدە چوڭ يۈك ترانسپورتى كارخانىلىرىغا بېرىپ، «چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، دەل جايىدا ئۇدۇللاشتۇرۇش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇلازىمەت قىلىش» باش تېما قىلىنغان چوڭ يۈك ترانسپورتى ئىجازىتى مۇلازىمىتى بويىچە زىيارەت قىلىپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى قانات يايدۇردى. زىيارەت داۋامىدا، نۇرغۇن كارخانا شىنجاڭ تەۋەسىدە چوڭ يۈك ترانسپورتىدىكى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋاقىت ئۈنۈمىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا دەرھال بېجىرىپ، دەرھال يولغا چىقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى.

«كارخانىلارنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغان، توپلىغاندىن كېيىن، بىز دەرھال تەكشۈرۈپ ـ تەستىقلاش سىستېمىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ، چوڭ يۈك ترانسپورتى كارخانىلىرىغا مۇلازىمەت قىلدۇق» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق يول مەمۇرىيىتى ـ دېڭىز ئىشلىرى ئىدارىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، دېڭىز ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى رازىيە قاباس.

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»تا مۇھىمى بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى زىچ چۆرىدەپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش ئارقىلىق، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا چۈشىنىش ۋە ھېس قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش جەريانىدا مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىنى ئىزدىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش كاپالىتى ئىدارىسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا «ئېغىر كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلار، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ داۋالىنىش يۈكى ئېغىر بولۇش» مەسىلىسىنى تۇتۇپلاپ، دەرھال مەخسۇس ئادەم تەشكىللەپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئېغىر كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلار، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ داۋالىنىش يۈكى ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاش بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ھېسابلاش ئېلىپ باردى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى بىلەن بىرلىشىپ «2019 ـ يىللىق شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش كاپالىتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تۈزۈپ بېسىپ تارقىتىپ، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ۋە ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسى كاپالەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى.

باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار مۇقەررەر ھالدا باش تېما تەربىيەسى ئۇرغۇتقان ئاكتىپلىق، تەشەببۇسكارلىق، ئىجادچانلىقنى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، تىرىشىپ ئەمەلىيەت، خەلق، تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان خىزمەت ئەمەلىي نەتىجىسىنى يارىتىدۇ.

# قارامايىنىڭ ئاقىل شەھەر قوللىنىشچان مۇلازىمىتى 100 تۈردىن ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

رېمونت كاپالىتى، مەھسۇلات مىقدارى خاتىرىسى قاتارلىقلارنى ئەمەلىي ۋاقىتتا ئۆلچەپ تەكشۈرەلەيدۇ.» شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى سانلىق مەلۇمات شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى جاۋ جىنلىڭ مۇنداق دېدى: ئىلگىرى ئىشچىلار نەچچە ئون كىلومېتىر يىراقلىققا بېرىپ نېفىت قۇدۇقلىرىنى چارلاپ تەكشۈرەتتى، بىر قېتىم چارلاپ تەكشۈرۈشكە ئون كۈندىن ئارتۇق ۋاقىت كېتەتتى، ھازىر سىرتقا چىقمايلا سانلىق مەلۇماتلارنى ئەمەلىي ۋاقىتتا ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئىشقا ئاشتى.

ئەقلىي ئىقتىدارلىق نېفىتلىك قۇرۇلۇشىنى ئاساس قىلىپ، قاراماي شەھىرى ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئاقىل تىپىدىكى شەھەرگە قاراپ ئۆزگەرمەكتە. 2013 ـ يىلى قاراماي شەھىرى «ئاقىل شەھەر» قۇرۇلۇشى يىرىك پىلانىنى يولغا قويۇپ، 23 تۈرلۈك قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى بېكىتىپ، 2020 ـ يىلى ئاقىل قاراماي قۇرۇپ چىقىشنى پىلانلىدى. نۆۋەتتە، رەقەملىك داۋالاش، ئەقلىي ئىقتىدارلىق قاتناش، رەقەملىك شەھەر باشقۇرۇش، شەھەر بىخەتەرلىكى، نېفىتلىك سانلىق مەلۇماتلىرىنى يىغىش قاتارلىق 100 تۈردىن ئارتۇق ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تەتقىق قىلىپ ئېچىلدى ھەم غەربىي شىمال رايونى بويىچە تۇنجى «سىمسىز شەھەر» قۇرۇپ چىقىلدى.

«ئەقلىي ئىقتىدارلىق نېفىتلىك، ئاقىل شەھەرنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشى بۇلۇت ھېسابلاش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ.» قاراماي بۇلۇت ھېسابلاش كەسپلەر باغچە رايونى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى يۈن مۇنداق دېدى: بۇلۇت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، قاراماي شەھىرىمۇ «ماي تېغى»دىن «بۇلۇت چوققىسى»غا چىقتى.

2010 ـ يىلى قاراماي شەھىرى ئۇچۇر كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى شەھەرنىڭ تىپ ئۆزگەرتىشتىكى ئۈچ چوڭ يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسپىنىڭ بىرى قىلدى. 2011 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ئوتتۇرىغا قويغان «تيانشان بۇلۇت جىلغىسى» پىلانىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، 2012 ـ يىلى قاراماي بۇلۇت ھېسابلاش كەسپلەر باغچە رايونى قۇرۇلدى، بۇ باغچە رايونى نۆۋەتتە دۆلەت دەرىجىلىك بۇلۇت ھېسابلاش بويىچە قوللىنىشچان ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى ۋە شىنجاڭ «تيانشان بۇلۇت جىلغىسى» يادرولۇق بازىسى بولۇپ قالدى.

بۇلۇت مۇلازىمىتى ئىقتىدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، باغچە رايونىنىڭ كەسپلەر توپلىنىش ئۈنۈم ئېففېكتى تەدرىجىي گەۋدىلەنمەكتە. ھازىرغىچە، باغچە رايونى جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىش (شىنجاڭ) بۇلۇت ھېسابلاش ۋە چوڭ سانلىق مەلۇمات مەركىزى، خۇاۋېي بۇلۇت مۇلازىمىتى سانلىق مەلۇمات مەركىزى قاتارلىق 70تىن ئارتۇق كارخانا (تۈر)نى ماكانلاشتۇرۇشقا جەلپ قىلىپ، كۆلەمدە غەربىي شىمال بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ رەقەملىك ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ساقلاش، ھېسابلاش قاتارلىق تىرەك بىلەن تەمىنلىدى، شۇنداقلا يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى لىنىيەسىدىكى دۆلەت ۋە رايونلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىدى.

دا جى مۇنداق دېدى: بۇ يىل ئاپتونوم رايون «رەقەملىك قاراماي» ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلدى، كېيىنكى قەدەمدە قاراماي شەھىرى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى ئۇچۇر مەركىزى بەرپا قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، بۇلۇت ھېسابلاش كەسپلەر باغچە رايونىنى ۋاستە قىلغان، ئەۋزەل بۇلۇت ھېسابلاش كەسپلىرىنى ئاساس قىلغان، ئاقىل شەھەر كەسپى، نېفىتلىك ئۇچۇرى كەسپى خاس تەرەققىي قىلغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ رەقەملىك ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىدا يېتەكلەش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

# شىنجاڭدىكى پورتلارنىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرگە قارىتىلغان سودىسى تەكشى، مۇقىم ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، شىنجاڭدىكى پورتلارنىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرگە قارىتىلغان ئىمپورت ـ ئېكسپورتى 2019 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ ئۇدا تۆت ئاي ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئاشقان. شىنجاڭدىكى پورتلارنىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرگە قارىتىلغان سودىسى ئادەتتىكى سودا شەكلىنى ئاساس قىلغان ھەمدە ئېشىشى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى شىنجاڭدىكى پورتلارنىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرگە قارىتىلغان سودا ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %61.2نى ئىگىلىگەن. چېگرا ئاز سوممىلىق سودا شەكلىدىكى ئىمپورت ـ ئېكسپورت 36 مىليارد 580 مىليون يۈەن بولۇپ، %5 ئېشىپ، %33.9نى ئىگىلىگەن.

بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ كارخانىلىرى ئېكسپورتتا باش ئورۇننى ئىگىلىگەن، شىنجاڭدىكى پورتلار ئارقىلىق شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرگە قارىتىلغان ئىمپورت ـ ئېكسپورت 46 مىليارد 270 مىليون يۈەن بولۇپ، %7.6 ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى شىنجاڭدىكى پورتلارنىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرگە قارىتىلغان ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %53.8نى ئىگىلىگەن.

ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ ئانالىز قىلىشىچە، شىنجاڭدىكى پورتلار شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرگە ئاساسلىق ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلار ماشىنىسازلىق ـ ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئاياغ تۈرلىرىدىن ئىبارەت ئىكەن، خام نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىقلار ئاساسلىق ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار ئىكەن. شىنجاڭدىكى پورتلارنىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر سودىسىدىكى ئاساسلىق سودا دۆلەتلەر قازاقىستان، رۇسىيە ۋە قىرغىزىستان ئىكەن. شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدىكى ئالاتاۋ، قورغاس قاتارلىق پورتلار شىنجاڭنىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرگە قاراتقان ئاساسلىق سودا پورتلىرى ئىكەن.

نۆۋەتتە، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدا سەككىز ئەزا دۆلەت، تۆت كۆزەتكۈچى دۆلەت ۋە ئالتە سۆھبەت ھەمراھ دۆلىتى بار بولۇپ، ئىقتىساد ۋە نوپۇس ئومۇمىي مىقدارى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەخمىنەن پۈتۈن يەر شارىنىڭ %20ى ۋە %40نى ئىگىلەيدۇ، غايەت زور بازار يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە. 2018 ـ يىلى، جۇڭگو بىلەن شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ سودا سوممىسى 255 مىليارد دوللارغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %17 ئاشقان.